# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 11 - ئاي

25

چارشەنبە

维吾尔文 11月25日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65-0002/-W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نەشر بۇيۇمى نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25256 - سان بۈگۈن 4 بەت


## يول باشلاپ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش پولات ئېقىم مەۋج ئۇرۇش

### ـــ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ھەربىي مەشقنى ئالغا سىلجىتىشقا رەھبەرلىك قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لى شۈيۇڭ، لى شۈەنلياڭ، مېي شىشيۇڭ، ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى مۇخبىرلىرى فېي شىتىڭ، چيەن زۇڭياڭ

كەچ كۈز پەسلىدە، تاغ - دەريالار گىرەلىشىپ كەتكەن چاۋشەن تۇپرىقىدا، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، مەشقنى كۈچەيتىش دەۋر بۇرغىسى ياڭرىدى.

2020 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ چاۋشەن رايونىدىكى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئەزەلدىن «ئوتتا تاۋلانغان خەنجەر» دەپ نامى بار دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمى ئالدىدا، رەئىس شى جىنپىڭ دىققەتنى ھەربىي مەشققە مەركەزلەشتۈرۈپ مۇھىم يوليورۇق بەردى ـــ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

### شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا، جەزمەن ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىغا چىڭ تايىنىش كېرەك. دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئامما پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىجاد قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە دەۋر يېڭى شان - شەرىپىنى يارىتىشى، يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى كېرەك

### لى كېچياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ قاتناشتى ۋاڭ خۇنىڭ تەقدىرلەش قارارىنى ئوقۇدى



11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى دىڭ لىن فوتوسى



11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىگە شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەرمەكتە. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆبىن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى** مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن، تەقدىرلەنگەن مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى قىزغىن تەبرىكلىدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىسىغا سەممىي سالام يوللىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شەرەپ ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ، بەخت ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ. سوتسىيالىزم ئىشلەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن، يېڭى دەۋر كۈرەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى مىللەتنىڭ سەرخىللىرى، خەلقنىڭ ئۈلگىلىرى، جۇمھۇرىيەتنىڭ تۆھپىكارلىرى. دۆلىتىمىز خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت، پارتىيە ۋە دۆلەت باشتىن - ئاخىر جان - دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى، باشتىن - ئاخىر ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئورنىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، باشتىن - ئاخىر ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كەچتە گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، مەن سىز بىلەن بىرلىكتە 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشتىم. بىز ھەممىمىز كۆپ تەرەپچىلىكتە چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنى قايتا جانلاندۇرۇپ، يەر شارىۋى خىرىسقا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدۇق. ھازىر، ياۋروپانى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن يەر شارىدىكى بىر قىسىم رايونلار 2 - قېتىملىق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلمەكتە، قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش يەنىلا ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. جۇڭگو تەرەپ گېرمانىيە تەرەپ بىلەن بىللە ۋاكسىنا جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### جۇڭگو - ئېفىيوپىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

## شى جىنپىڭ ئېفىيوپىيە زۇڭتۇڭى ساھلې - ۋورك بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى** 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئېفىيوپىيە زۇڭتۇڭى ساھلې - ۋورك زېۋدې بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو - ئېفىيوپىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان يېرىم ئەسىردىن بۇيان، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا مۇستەھكەملەندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

## پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە تېزدىن سىڭىپ كىرىشنى كۈچلۈك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

### شەۋكەت ئىمىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۈڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى 16 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ روھى بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئالاقىدار خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 104 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 104 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا قۇملۇق ئىقتىسادىنى يېڭىلىق يارىتىپ راۋاجلاندۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىش، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### شەۋكەت ئىمىن دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشقان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مۇنداق تەكىتلىدى

## ۋەكىللىك رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ «14 - بەش يىل»لىق تەرەققىياتقا ئەقىل ۋە كۈچ قوشۇشىمىز كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20 - قېتىملىق يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشقان قىسمەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### شەرەپ ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ بەخت ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ

ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

### شىنجاڭدىن 53 كىشى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى

4 - بەتتە